# نيمه ئۈچۈن مەسئۇلىيەتتىن قاچىمىز؟

[ئۇيغۇرچە]

## لماذا نهرب من المسؤلية؟

[باللغة الأويغورية]

ئوبۇلقاسىم ئەھمەد قەشقەرى

أبوالقاسم أحمد القشقري

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1428 – 2007

islamhouse.com

# نېمە ئۈچۈن مەسئۇلىيەتتىن قاچىمىز؟

«مەجبۇرىيەت بوسوغىسىدا»

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ......... ئەزىز قېرىنداشلار ! ئاللاھ ھىدايەتسىز قالغانلارنى ھىدايەت قىلسۇن ..! ھىدايەت قىلغانلارنى تەۋپىقتا يېتەكلىسۇن ...!

ئاللاھ نىڭ نېئمەتلىرىنى بىز ساناپ بولالمايمىز . ئۇنىڭ تۈرى ، رەڭگى ، شەكلى ، ھېكمىتى .... ئىشلىتىلىپ ھەممە جەھەتتىكى تەڭداشسىز كاتتىلىقى بىزگە ئاللاھ نى تونۇشنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپتۇ . بۇنى پەقەت ئاللاھ ھىدايەت قىلغان قەلب ئىگىلىرىلا ھەقىقى بىلەلەيدۇ .

تور لېيىنىيىسى ئاللاھ نىڭ بىزگە بەرگەن سانسىز نېئمەتلىرىنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىرى خالاس. ئەمما ئاللاھ بەرگەن بۇ نېئمەت ئەتراپىمىزدىكى يانا باشقا نۇرغۇنلىغان ، ئاللاھ نىڭ رازىلىقى ۋە شۈكرانىسى ئۈچۈن ئۆز ھەققىگە ھەقىقى ئىگە بولالمايۋاتقان نېئمەتلەردەك ، تۇرلۇك باتىل ، جاھىل ، نادان ، ئىنسانىيەتكە ئاپەت بولۇۋاتقان ئالگ ئىدىيەدىكى ناچارلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن خالىي بولالمايۋاتماقتا ...

قارايدىغان بولساق تور بەتلىرىدىكى شەھۋانى مەزمۇن قىلىنغان ، ئىنسانىي ئەخلاقنى ، مىللىي ئەنئەنىلەرنى ، ئىسىل مەدىنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ، تور بوشلىقىنىڭ مەنىۋى ئاتمىسفىرا قاتلىمىنى بۇلغاۋاتقان ئىشلار ، مۇنازىرە مۇنبەرلىرىمىزدە خېلى ئاۋۇپ قالدى . تور دۇنياسىدا يات ، غەيرى دىنى - ئەجنەبىلەرنىڭ قىلغانلىرى ئاز كەلگەندەك ، خەلقىمىز ئىچىدىمۇ تۇرلۇك باتىل ئىتىقاد ، خاتا كۆز قاراشلارنى تارقىتىش ، پىتنە - پاسات ، تەپرىقچىلىك پەيدە قىلىشلار ۋە ھەتتا ئىسلامغا ئوچۇقتىن ئوچۇق ھاقارەت قىلىش ، توھمەت قىلىش ، جۈملىدىن قەستەن دۈشمەنلىشىدىغانلار خېلى باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا ... بۇ ئىش بىزدەك بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمانلاردىن سەگەك بولۇپ ، خەلقىمىزنىڭ ئىتىقادى ھاۋاسىنى قوغداشنى تەلەپ قىلماقتا ...

شۇڭا بۇ جەھەتتە ھەر بىر مۇسۇلمان قىرىندىشىمىز ئۆزىنى تەربىيلەش بىلەن بىرلىكتە قولىدىن كېلىدىغان ھەرقانداق ساھەدە ، خەلقىمىزگە مەسئۇل بولۇش ، ئۇلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ، توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى قەتئى ئادا قىلىشى لازىم . بۇنىڭدا كىم قانچىلىك خىزمەت قىلالىسا ، شۇنچىلىك يەتكۈزۈش ، يېزىش ، تەرجىمە قىلىش ، تەييارنى يوللاش ، يەتكۈزۈش ئارقىلىق بولسىمۇ ، ئەمىلى كۈچ چىقىرىشى لازىم .

ئاللاھ كىمگە قانچىلىك ئىقتىدار ۋە شارائىت بەرگەن بولسا ئۇ كىشىدە شۇنچىلىك مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن بولىدۇ . بىر ئادەمنىڭ قولىدا بارى ئۇنىڭ غەلبىسى بولمىغاندەك ، ئۆز ئىلكىدە يوقلىقى ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى ئەمەس . بەلكى بۇ ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن سىناق . شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىمكى ئاللاھ بەرگەن ھەر بىر نېئمەتنىڭ كەينىدە بىر سۇئال - سوراق بار ......! ھەر بىر قىسمەتلىرىنىڭ كەينىدە يەنە بىر ئۇندەش بار !!!!!!!!!!!!!

ئاساسلىق گەپكە كەلسەك :

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە مەۋجۇتلىقىمىزنى ساقلاپ كەلگەن ئامىل دەل ئىتىقاد ئىدى . ئىتىقاد ئىچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تاللىشىمىز ھەم ئەلۋەتتە ئىسلام ئىتىقادى بولغان ئىدى . دىيارىمىزغا ھىدايەت تېپىپ بۈگۈنگىچە باشتىن كۆچۈرگەن 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان بەختلىك ئىنسانلار قاتارىدا ئەجدادلىرىمىزمۇ ئۆز بەختىنى تاپالىغان ئىدى .

ئىنسانىيەت تارىخىدا غەربىي دۇنياسىنىڭ ماددىيەتتىكى نەتىجىلىرى بىلەن ئۆز ئازغۇنلىقلىرىنىڭ مەسخۇشتىلىقىدا بىلجىرلاپ ، ئىنسانىيەت روھىيىتىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم . ئوخشاشلا ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھىينى ، نەفسي - خاھىشلىرىغا بوي سۇندۇرۇپ ، تالايلىغان ئىنسانلارنىڭ ئازغۇنلىقىغا سەۋەپچى بولغان ، يەھۇدى ۋە ناسارالار گوروھى ، ئاللاھ ۋە دىن نامىدىن توقۇپ چىققان سەپسەتىلىرى بىلەن دۇنيادا قىلمىغان زۇلۇم - سىتەملىرى قالماي تەكرار - تەكرار

شەرمەندە بولۇپ كەلدى . ئەمما ئۇلارغا بولغان نەپرەت ۋە غەزەپ ئاخىرى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ دىنىغا بولغان خاتا يۈنۈلىشتىكى ئاداۋەتكە بېرىپ يەتتى .

دىن ، ئېتىقاد ، روھ قاتارلىق ئىنساننىڭ مەنىۋىيەتلىرىدىن مەجبۇرى ھەيدەپ چىقىرىلغان بۇ ئاملىلارنىڭ ئورتاق ئاتالغۇدىكى ئىستېمال قىلىنىشى نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىمۇ ، بۇ خىل ھۇجۇمدىن خالى بولالمىدى . چۈنكى دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش ، ئارىمىزدىكى ئاتالمىش نەفسانىيەتچى ، مۇنافىق ، پوپسىمان مولليلىرىمىزنىڭ شالتىقى بىزنى ۋە دىنىمىزنى ئۇ ئازغۇن يەھۇدي ، ناسارا ، بۇددىست ۋە باشقا باتىل زالىملار بىلەن بىر قاتاردا بارلىق ھوقوق ۋە ئىمتىيازلىرىمىزدىن ئايرىپ ، دۆۋلەت - جەمىيەت ، قانۇن - سىياسەت ، ھەتتا ئىجتىمائى ھايات ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشلىرىمىزدىنمۇ چەكلەپ ، زەھەرلىك نەرسىلەر قاتارىدا قاتتىق باستۇرۇلدى .

بىچارە ئازغۇن ، نادان خەلىق ، ئۆز قولى بىلەن ئۆز بەختىنى نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان تالاي - تالاي ئىشلاردا ، ئىېزچىل ئاكتىپ رول ئوينىدى . قۇرئاننى كۆيدۈردى ، مەسجىدلەرنى چاقتى . لېكىن خەلىق ئۇزۇن ئۆتمەي بۇنداق ئاكتىپلارنىڭ ئاخىرقى خارلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى ۋە خاتالىقلىرىنى تونۇدى .

دىمەك : ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى ھەممىدىن غالىپ كېلىپ ئىسلام ئۆز پېتى سالامەت داۋام قىلىپ كەلدى . ھەر زامان - ھەر ماكاندا ئاللاھ ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان قوغدايدىغان بىر تۇركۇم جامەئەتنى ھېچ بىر قەۋدىن ئايرىۋەتمىدى . نەتىجىدە تەكرار ئىلىپ بېرىلغان بىسىم ۋە تۈلۈك سۈيقەستلەرمۇ بىزدەك مۇسۇلمان ئەۋلادلارنى يوقۇتالمىدى . ھەم يوقۇتالمايدۇ .

بىزنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان دىننى تارىخىمىزنىڭ ئۇزۇنلىقى ، مۇكەممەللىكى ،ۋە ئېتىقادلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ، ئاللاھ نىڭ ئىرادىسى بىلەن بىز بۈگۈنگە ئۇلىشىپ كەلدۇق . بۇ جەرياندا ئىسلام بىلەن بىزنىڭ ھەر بىر ئۆرپ - ئادەت ، ئىش ھەركەت ، ئاڭ -تەپەككۇرلىرىمىز زىچ بىرلىشىپ

ئايرىپ بولغۇسىز دەرىجىدە بىرىكىپ كەتتى . گەرچە تۇرلۇك بىدئەت ، ۋە خاتا كۆز- قاراشلار ئارىغا قىستىلىپ كىرىۋالغان بولسىمۇ ، نادانلىرىمىزنىڭ بىلىمسىزلىكى ۋە جاھىللىقىدىن ھېلى ھەم داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، ھەقىقەت ھامان غالىپ كەلدى ۋە كېلىدۇ ...!

بىز بۈگۈن دۇنياغا قارايدىغان بولساق خەلقىمىزنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئەنئەنىلىرىدىن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى باشقا خەلىقلەرگە قارىغاندا ھەر جەھەتتىن ماختالغۇدەك دەرىجىدىكى مەدىنىيەت ، سەنئەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئېگىسى ئىكەنلىكىمىزنى بايقايمىز .

دۇنيادا ئەيپ - نوقسانسىزلىق ئاللاھ تىن باشقىدا ھامان مەۋجۇت . دىنى جەھەتتىكى بىر قىسىم كەمچىلىكلىرىمىزنى ھېساپقا ئالمىغاندا بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى مەزھەب ، سۈلۈك ، ئېقىم ، جەھەتتىكى بىرلىكىمىز باشقا ھەر قانداق يەردىكى بىر ماكاندا ياشايدىغان خەلىقلەرنىڭكىگە سېلىشتۇرساق ، بىز يەنىلا ناھايىتى ئىتتىپاق ياشىغان ، بىر ئېقىم ، بىر مەزھەپ بىلەن دەۋىر سۈرگەنلەر قاتارىدىن ئىكەنمىز ( مەن بۈنى چەتئەللەردە يۈرۈپ ئۆزكۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ، چۆڭقۇر ھېس قىلغاندىن كېيىن دەۋاتىمەن. يانا بىرى مېنىڭ بۇ يەردە كۆزدە تۇتىۋاتقىنىم بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئەمەس ، بەلكى مەدىنىيەت قاتلىمىمىزدىكى شانلىق سەھىپىلەر ئەلۋەتتە......! )

ئەمما بىز ئەنە شۇنداق ئىلغار مەدىنىيەتلىك ئەجدادلارنىڭ بەختلىك ئەۋلادلىرى تۇرۇپ ، بۈگۈن ئەڭ نۇمۇسلۇق ۋە ئەڭ خار قىسمەتلەردە ، بىغەملەرچە ياشاۋاتماقتىمىز . بىزنىڭ نادانلىقىمىز شۇ دەرىجىگە بىرىپ يەتكەنكى ، دۇنيا بىزگە قاراپ نەسلىمىزدىن گۇمان قىلغۇدەك ھالغا كەلدى . بۇنىڭغا ئەنە ئەتراپىمىزدىكى بىر قىسىم ھارام نەسەپ ، شالغۇتلىرىمىزنىڭ سۆز - ھەركەتلىرى يىتەرلىك دەلىل بولايدۇ .

ئۇلارغا ئوخشاش ۋەتەن - خەلىقنىڭ غېمىدىن ، ئۆز غېمىنى ئەلا بىلىدىغان ، ئازغىنا مەنپەئەت ئۈچۈن ھەممە نېمىسىنى تەقدىم قىلىشتىن يالتايمايدىغان ،

ئۆزىنىڭ ئادىمى ، ئىنسانى ، مىللى ۋە دىنىنى كىملىكىنى كېرەكسىز ھېساپلاپ ، ئىككى پۇلغا سېتىپ خەجلەيدىغان، ئىرادىسىز ھايۋانلارچە ياشاۋاتقان بەزى بىر ئىنسانلار ......... ھامان بىر كۈنى قاتتىق پۇشايمان قىلىدۇ .

ھازىر بىز دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەت ۋە قەۋملەرنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىسىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ۋە مۇرەككەپ ، دۇنيادا بىزدەك سىناققا دۇچ كەلگەنلەر ئاز بولمىسىمۇ ، لېكىن بىزدەك ئىنكاس قايتۇرغانلار ھېچيەردە يوق دېسەك، ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز .

مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە توپىلاڭدىن تورغاچ ئوغۇرلايدىغان شەيتانلار ،ئارىمىزدا ئاز ئەمەس . بىزنىڭ بۈگۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ يولىنى تاشلاپ تۇرۇپ ، ئۇمۇت كۈتۈۋاتقان تاغۇتلىرىمىز ، ئۆز ۋاختىدىكى روس ، ئىنگىلىز ، شۋىت ۋە ئەتراپىمىزدىكى يانا باشقا ھەر قانداق تۈلكە ۋە قاۋان - توڭگۇزلاردىن نەچچە ھەسسە ياۋۇز ۋە نىيىتى قارا . بۇ تارىختا تەكرار ئىسپاتلانغان ئاچچىق ھەقىقەت . قانلىق ساۋاق ...!!!

يانا بىر ھەقىقەت شۇكى ئىنساننىڭ كىملىكى ، دۇنيادىكى ۋەزىيىتىنىڭ نېمىلىكى ، ھايات يولىدىكى ئىش - پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆلچىمى ، ئۇنىڭ كېيىنكى نەتىجىسى ، ۋە ئەڭ ئاخىرقى تەقدىرى قاتارلىق مەسىلىلەردە غەرەزسىز ، بۇلغانمىغان ، ساپ ئەقلىمىز ۋە پاك تۇيغۇلىرىمىزدىن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېئمەتنىڭ ھەقىقىتىنى ئېقرار قىلماي تۇرالمايمىز !

ئاخىرىدا بىز ئەڭ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېگىشلىك بولغان زۆرۈر ھەقىقەت : بىزنىڭ دىنى ، مىللي ، ئىنسانى ۋە ھەققانى رىزىقلىرىمىزدىن مەھرۇم ھالدا ، دۇچ كېلىۋاتقان بارلىق مەسىلىلىرىمىزدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ ، كۆزىمىزنى يۇمۇپ ياشاۋاتقانلىقىمىزدۇر !

بىز دۇنيادىكى ئۆزىمىزگە ئوخشاش تەقدىرداشلار ئېچىدە باشقىلار قىلغاننى قىلىپ قاملاشتۇرالمىدۇق . ئىرادىمىزنىڭ سۇسلىقى ۋە پىسخىكىمىزدىكى

ئاجىزلىق ، سەۋەپلىك ئۇنى قەتئى داۋاملاشتۇرۇشتىن ۋاز كەچتۇق . ئەسلىدە ئىرادە ھەر قانداق ئاتوم بومبىسىدىنمۇ كۈچلۈك قۇرال ئىدى . ھېكمەتلەردە دېيىلگەنكى : ھەر قانداق ۋەھشى زالىم پادىشا قەتئى ئىرادىلىك مەھبۇسقا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ !..

بىز شۇنداقتىمۇ ھازىرقىدەك بېشىمىزنى ئېچىمىزگە تىقىۋىلىپ ، ھەتتا ئۆز - ئۆزىمىزنى ئالداپ ، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ بەرسە ، يالغاننى - راست دەپ بۇرمىلاپ كۆرسەتسە ، ياق ! ئۇنداق ئەمەس ؛ مانداق ! دەيدىغانلاردىن بولالمىساقمۇ ، بۇنداق قايمۇقۇپ يۈرمەسلىكىمىز ئۈچۈن ، ھېچ بولمىسا مۇشۇ مەسىلىلەردە ئەتراپلىق ئويلۇنۇپ ، ھەقىقەتنى ھەقىقى بىر تونۇۋىتىپ ؛ دىلىمىزدە بولسىمۇ بىر ئىقرار قىلىۋىتىپ ؛ ئۆتمۈشىمىز ۋە ھازىرىمىزدىن ، توغرا بىر خۇلاسىگە كېلىۋىتىپ ؛ ئاندىن كېيىن ئۆزرە ئېيتقان ھالدا نۇمۇسىزلارچە ياشىغان بولساقمۇ ، ھېچ بولمىسا ئاللاھ بەرگەن ئەقلىمىز ، قەلبىمىز ، ۋە دىنىمىزگە ئازراق يۈز كېلەلەيتتۇق . ئەمما بىز ...... ؟

نامدا مۇسۇلمان ئەمەلدە كافىر ،

گۇناھ - مەئىيسەت ، زۇلۇمغا قادىر .

خۇدانى ئىنكار قىلىمىز ئەمما ،

جەننەتلىرىگە بولىمىز كادىر .

شەيتاننى شاگاڭ قىلىپ تاشلىدۇق ،

ماركىمىز ئىسلام ، دەۋادا ئۇتتۇق .

قۇرئان - ھەدىستىن چېغىر يول تېپىپ ،

پىلسىراتتىنمۇ ئۇچۇپلا ئۆتتۇق .

ئاخىرىدا ئوقۇرمەنلارگە شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى؛ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بىزگە ئۆخشاش ھاياتلىق ۋە ئاخىرەتلىكىدە چىقىش يولى تاپالمايۋاتقان ئىنسانلار ھۆشىنى تېپىۋالسۇن دەپ بۇ ئايەتنى خۇددى بىز ئۇيغۇر مىللىتىگە خىتاپ قىلغاندەكلا مۇنداق دەيدۇ:«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلەرگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» رەئد سۈرىسى 11-ئايەتنىڭ بىر قىسمى